سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# باتۇرلۇق بىلەن دۇنيانىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش

### يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

1960 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو تاغقا چىقىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋاڭ فۇجوۋ، گۇڭبۇ(زاڭزۇ)، چۈ يىنخۇا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شىمالىي يانباغىردىن دۇنيادىكى بىرىنچى ئېگىز چوققا - جومولاڭما چوققىسىغا چىقتى. جۇڭگو تاغقا چىقىش ئەترىتى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى قېتىم شىمالىي يانباغىردىن جومولاڭما چوققىسىغا چىقىشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تاماملاپ، جۇڭگو ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردى.

دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققىنى بويسۇندۇرۇش يېڭى جۇڭگو تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ بىر كارتىنىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، تېز سۈرئەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا قەدەم قويدى.

1952 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا ئاتاپ: «تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بۇ 12 خەتكە تەنتەربىيە خىزمىتىنىڭ تۈپ فاڭجېنى يىغىنچاقلانغان بولۇپ، دۆلىتىمىز تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەشكىللىشى ۋە سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن، كەڭ ئامما تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە پائال قاتناشتى، زاۋۇت، مەكتەپ، قىسىم، ئورگان ۋە يېزىلاردا تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ مول، رەڭدار ھالدا قانات يايدۇرۇلدى.

ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى ماھارەت تەنتەربىيەسى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالدى. تۈركۈملىگەن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېرلار جاپالىق مەشىق قىلىش ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز رېكورتنى بۇزۇپ تاشلاپ، بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، يېنىك ئاتلېتىكا، تىكتاك توپ، سۇ ئۈزۈش، تاغقا چىقىش قاتارلىق تۈرلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1959 - يىلى 4 - ئايدا، رۇڭ گوتۈەن گېرمانىيەنىڭ دورتمۇندا ئۆتكۈزۈلگەن 25 - نۆۋەتلىك دۇنيا تىكتاك توپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، ئەرلەرنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە چېمپىيون بولۇپ، جۇڭگو ئۈچۈن تۇنجى دۇنيا چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈردى.

تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى يېڭى جۇڭگونىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، گۈللەپ ياشنىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسىگە ئايلاندى. نەچچە ئەۋلاد تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئىنتىپاقلىشىپ ئېلىشىشى، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىشى نەتىجىسىدە، جۇڭگو تەنتەربىيەسى چوڭ قەدەم بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۇنيا تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى بولۇش ئۈچۈن ئىلگىرىلىمەكتە.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لۇ شيۇفېڭ: ھاياتى بىلەن ساداقىتىنى نامايان قىلغان تۆمۈريول ساقچىسى



لۇ شيۇفېڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەمىنلىگەن)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تيەنجىن، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىرلار يى سيۈەن، لى كۈن) تيەنجىندىكى خەيخې دەرياسىدىن شىمالىي قىرغاققا نەزەر سالغاندا، 130 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە تيەنجىن ۋوگزالىنىڭ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنلىكىنى، كىشىلەر بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆرىسىز. 39 يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ يەردە، سەپداشلىرىنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 32 ياشلىق تۆمۈريول ساقچىسى لۇ شيۇفېڭ قوراللىق بۇلاڭچىلارغا ئېتىلىپ بېرىپ، قىممەتلىك ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

لۇ شيۇفېڭ 1948 - يىلى تۇغۇلغان، 1977 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا تيەنجىن تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى تيەنجىن ۋوگزالى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى. 1980 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جىنايەت گۇماندارىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، جىنايەت گۇماندارى لۇ شيۇفېڭ قاتارلىق خەلق ساقچىلىرىغا ئوق چىقارغان، لۇ شيۇفېڭ جىنايەت گۇماندارى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا بەختكە قارشى ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 1980 - يىلى 8 - ئايدا، لۇ شيۇفېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، شۇ يىلى 9 - ئايدا ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

1980 - يىلى 8 - ئاينىڭ بېشىدا، ئەينى چاغدىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ بايانئۇر ئايمىقى لىنخې ناھىيەسىدىن كەلگەن لياڭ دادۇڭ، ۋاڭ شىنگو، بەي يۈڭشېڭ قاتارلىق نەچچە ئەر لىنخې ناھىيەلىك قوراللىق بۆلۈمدىن كۆپ مىقداردا قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئوغرىلىغان. ئارقىدىن، ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ شەرقىي شىمالغا بېرىپ، «يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان چوڭ دېلو»دىن بىرنەچچىنى سادىر قىلىشنى مەخپىي پىلانلىغان، يېرىم يولدا تيەنجىن ۋوگزالىدا پويىز ئالماشقان. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە، ئۈچەيلەن ۋوگزال مەيدانىدا تۇرغاندا، يورۇش - تۇرۇشى گۇمانلىق بولغانلىقتىن تيەنجىن ۋوگزالى ساقچىخانىسىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ساقچىسى ما يوۋخاڭ ئۇلارنى ساقچىخانىنىڭ نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان خەلق ساقچىسى لۇ شيۇفېڭ، لۇ مىڭ ئۇلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرگەن.

ساقچىخانىنىڭ نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىدا، لۇ شيۇفېڭ بىلەن لۇ مىڭ ئاۋۋال بەي يۈڭشېڭنى سوراق قىلىشنى قارار قىلغان. بەي يۈڭشېڭ پاكىتنى ھە دەپ يوشۇرۇپ، تەكشۈرۈشكە قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ چاغدا، كۈتۈش ئۆيىدە سوراق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان لياڭ دادۇڭ، ۋاڭ شىنگولار باشقىچە جىددىيلىشىپ، پات - پات بېلىگە قىستۇرۇلغان بەتلەكلىك تاپانچىنى سىلاشقا باشلىغان.

جىنايەت گۇماندارى ۋاڭ شىنگو سوراق قىلىنغاندا، ۋاڭ شىنگونىڭ جاۋابى مۇجمەل، زىددىيەتلىك بولغاچقا، لۇ شيۇفېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى رەسمىيەت بويىچە تەكشۈرمەكچى بولغان. ۋاڭ شىنگو بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان 54 تىپلىق ئىككى تاپانچىنى چىقارماقچى بولغان. لۇ شيۇفېڭ تېزدىن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلىكىنى قايرىپ تاپانچىنى ئېلىۋالغان.

لېكىن تېخىمۇ چوڭ خەتەر كەينىدە ئىدى. لۇ مىڭ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، لياڭ دادۇڭنىڭ تاپانچىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئەينىكىدىن خەلق ساقچىلىرىنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. لۇ مىڭ كۆپ ئويلاشقا ئۈلگۈرمەي، ئېگىلىپ تاپانچىنى ئېلىۋاتقان لۇ شيۇفېڭغا: «كەينىڭىزگە دىققەت قىلىڭ!» دەپ توۋلىغان. گەپ ئاخىرلاشمايلا، لياڭ دادۇڭ ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ، خەلق ساقچىلىرىغا قارىتىپ تەلۋىلەرچە ئوق چىقارغان.

لۇ شيۇفېڭ تېزدىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئوق تېگىش خەۋپىگە قارىماي، جىنايەت گۇماندارى لياڭ دادۇڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، لياڭ دادۇڭنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، ئۇدۇل ئوق چىقىرىشقا ئامالسىز قالدۇرغان. لياڭ دادۇڭ تاپانچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ، تەپكىنى يەنە بىر قېتىم باسقان، ئوق لۇ شيۇفېڭنىڭ ئارقا مېڭىسىگە تەگكەن. لۇ شيۇفېڭ تاپانچىغا ئېتىلغىنىچە، قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، يەنە بىر قېتىم قەيسەرلىك بىلەن لياڭ دادۇڭنى بەدىنى بىلەن سوقۇپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچى بىلەن جىنايەت گۇماندارىنى چېكىندۇرۇپ، سەپداشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن لياڭ دادۇڭ يەنە ئوق چىقارغان، لۇ شيۇفېڭنىڭ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

قاتىل لياڭ دادۇڭ ئالاقزادە بولۇپ قاچقاندا، ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ليۇ ۋۇشىڭ قاتارلىق خەلق ساقچىلىرى تەرىپىدىن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ۋاڭ شىنگو، بەي يۈڭشېڭ قولغا ئېلىنغان، ئۈچ جىنايەت گۇماندارىدىكى 17 تاپانچا ۋە قېپىقالغان ئوقنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشۈرۈلگەن. بىراق لۇ شيۇفېڭ ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان خىزمەت ئورنىدىن ۋە سۆيۈملۈك سەپداشلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ، خوتۇنى ۋە ئۈچ گۆدەك بالىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. لۇ شيۇفېڭنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلغان تيەنجىن تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدىن پېنسىيەگە چىققان خەلق ساقچىسى شۇ جىلياڭ مۇنداق دېدى: ئەينى چاغدا ئەگەر لۇ شيۇفېڭ قاتارلىق كىشىلەر جان تىكىپ ئېلىشىپ بۇ ئۈچ جىنايەتچىنى توسمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ شەرقىي شىمالغا بارغاندىن كېيىن داۋاملىق چوڭ دېلو سادىر قىلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

لۇ شيۇفېڭ قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە جان تىكىپ ئېلىشقاندىن سىرت، لۇ شيۇفېڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپدىشى يىن جەنجۈننىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، لۇ شيۇفېڭ ئادەتتە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىكەن، لېكىن ناھايىتى كەمتەر ئىكەن. «يولۇچىلاردا پارچە پۇل بولمىسا، ئۇ ھەممىشە ئۇلارغا بېرىپ تۇراتتى، قايتۇرۇشقا پۇرسەت بار - يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشمايتتى.» يىن جەنجۈن مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە لۇ شيۇفېڭ بىر ساپ دىل ئادەم».

لۇ شيۇفېڭنىڭ سەۋەبىدىن «ساقچى» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئوغلى لۇ شېپياڭنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. 18 ياشقا كىرگەن يىلى، لۇ شېپياڭ ساقچى فورمىسىنى كىيىپ شەرەپلىك تۆمۈريول ساقچىسى بولغان ھەم دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك، ئۈچ قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۈچ قېتىم تەقدىرلەنگەن ھەم پاراۋۇز مېدالىغا ئېرىشىپ، ئاتا - بالا تۆمۈريول ساقچىسى، ئىككى ئەۋلاد قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرىنى پۈتۈپ چىققان.

«مۇشۇ يىللاردا، مەيلى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغان جىنىدىن تويغانلارغا دۇچ كەلگەندە بولسۇن، ياكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا دەل ۋاقتىدا ياردەم بەرگەندە بولسۇن، مەن باشتىن - ئاخىر دادام ئىنقىلابىي قۇربان، مەن دادامنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىمەن، مەيلى قايسى خىزمەت ئورنىدا بولاي، قانچىلىك قىيىنچىلىققا ئۇچراي چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن، دېگەننى ئېسىمدىن چىقارمىدىم» دېدى لۇ شېپياڭ.

# گۈلجەننەت: يەسلىدىكى خۇش پېئىل مۇئەللىم

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ يەسلىدە مەنىلىك خىزمەت ئىشلەش

23 ياشلىق گۈلجەننەت شورباغ يېزىسى ئاياغ ئاچچىيۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ھازىر ئۇ بەكلا خۇش پېئىل بولۇپ كەتتى، مەيلى كىمنى ئۇچراتسۇن چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ كەنت ۋە يەسلىدە باشقىلارنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى تىزىمغا ئالدۇرۇش كۈنىدە، بەش - ئالتە ياشلىق كىچىك دوستلار پات - پات يۈگۈرۈپ كېلىپ، گۈلجەننەتنى قۇچاقلاپ قويۇۋەتمەيتتى. گۈلجەننەت ئېگىلىپ تۇرۇپ بالىلارنىڭ پېشانىسىگە بېنىك سۆيۈپ، بالىلارنىڭ كىچىك قوللىرىدىن يېتىلەپ دەرۋازىدىن كىرەتتى.

گۈلجەننەت ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 9دا يەسلى دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ كىچىك دوستلارنى دەرسكە ئېلىپ كىرەتتى. «ھەربىر سىنىپتا ئۈچ ئوقۇتقۇچى بار، مەن باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشىگە ماسلىشىمەن، يەنە بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولىمەن.» گۈلجەننەت مۇنداق دېدى: يەسلىدە كۈنىگە ئۈچ ۋاق تاماق بېرىلىدۇ، ناشتىدا ئىككى - ئۈچ خىل پېچىنە، چۈشلۈك تاماقتا توخۇ قوردىقى، پولۇ بار. بالىلار چۈشتە بىر يېرىم سائەت ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئويۇن ئويناپ بولغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سائەت 6دە يەنە پېچىنە - پىرەنىك ۋە مېۋە تارقىتىپ بېرىمىز.

يەسلىدىكى ھەربىر سىنىپتا 30 نەچچە بالا بار بولۇپ، گۈلجەننەت كىچىك دوستلارنىڭ يەپ - ئىچىشىدىن تارتىپ ھەممە ئىشىغىچە غەم يەيدۇ. كىچىك دوستلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيگە كېتىمەن دەپ، بەزىلىرى ئۇسساپ كەتتىم سۇ ئىچىمەن دەپ، بەزىلىرى تەرەت قىلىمەن دەپ غەلۋە قىلىدۇ، شۇڭا گۈلجەننەت بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ كۈنلىرىنى تولىمۇ مەنىلىك ھېس قىلىدۇ.

«گۈلجەننەت خىزمەتنى بەكلا بېرىلىپ ئىشلەيدۇ، بالىلارغىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. يەسلىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى كۆرسىتىلمەكچى بولسا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇردىن ئويۇن قويۇش كىيىمى سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىدۇ.» يۇمياۋ يەسلىسىنىڭ يەسلى باشلىقى ۋېي جۈەن مۇنداق دېدى: يەسلىدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسنى گۈلجەننەت ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قىلىدۇ، كۆيۈمچانلىقمۇ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

### ■ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىكى ئوقۇشتىن چېكىنگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىش

«ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇشتىن توختاپ قالمىغان بولسام، ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولغان بولاتتىم.» ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، مۇخبىر گۈلجەننەت بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پېشايۋان ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىكى سۈرەتلىرىنى كۆردى، ئۇنىڭ گەپلىرى ئەپسۇسلىنىش ھېسسىياتىغا تولغانىدى.

گۈلجەننەتنىڭ كىچىكىدىنلا ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى. كېيىن ئۇ رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپقا ئۆتتى، 2012 - يىلى يەنە پۈتۈن يېزا بويىچە ئىككىنچى بولۇشتەك نەتىجە بىلەن بېيجىڭدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپقا ئۆتتى.

قىزىنىڭ بۇنداق ئەلا ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسى ھېمىتنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. «رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپىدا ئوقۇۋاتقاندا، دادام 1000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ، ماڭا بىر ئېلېكترونلۇق لۇغەت ئېلىپ بەردى.» گۈلجەننەت بۇنىڭ ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا خېلى كۆپ چىقىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «دادامنىڭ ئارزۇسى مېنىڭ داشۆگە ئۆتۈپ، چوڭ شەھەرلەردە ياخشى خىزمەت تېپىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمنى كۆرۈش ئىدى» دېدى گۈلجەننەت.

بىراق، گۈلجەننەت كېيىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، دادىسىنىڭ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى.

2013 - يىلى يازلىق تەتىلدە، گۈلجەننەت كەنتكە قايتىپ كېلىپ، بالىلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن دوستلىرىنىڭ توي قىلغانلىقىنى، يەنە قارا نىقابلىق كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى بايقىدى. بەزىلەر گۈلجەننەتكە: قىز بالا دېگەن ئۆيدىن بەك يىراققا كەتسە بولمايدۇ، سىرتقا چىقىپ ئوقۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەس، بالدۇرراق ياتلىق بولۇپ، سىرتقا ئاز چىقىش كېرەك، دېدى.

«ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپقا بارغاندىن كېيىن، مەن ئۆگىنىش بېسىمىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.» گۈلجەننەت مۇنداق دېدى: ئوقۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتىمغا ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىكى ئوقۇشتىن چېكىنىشنى قارار قىلدىم.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەسىھەتى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى گۈلجەننەتنىڭ ئەسلا قۇلىقىغا كىرمىدى. «مەن خۇددى ئەقلىمدىن ئازغاندەك مەكتەپتىن چېكىنىش، ئۆيگە قايتىش، ياتلىق بولۇشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.» گۈلجەننەت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئوقۇشتىن چېكىنگەندىن كېيىن، دادام ماڭا توپتوغرا بىر ھەپتە گەپ قىلمىدى.

2014 - يىلى گۈلجەننەت توي قىلدى. 2017 - يىلى دادىسى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، قايغۇ - ھەسرەتتە قالغان گۈلجەننەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ئۈستىدە قايتا ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى.

«دادام مېنىڭ ئۆگىنىشتە ئۇتۇق قازىنىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويدۇم. مەن مەكتەپكە يېڭىباشتىن قايتىپ بېرىپ، ئەسلىدىكى ئۆزۈمنى تېپىۋېلىشنى ئويلىدىم.» گۈلجەننەت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردى.

مەكتەپتە گۈلجەننەت ئىلگىرى تاشلىۋەتكەن كىتابلىرىنى قولغا قايتىدىن ئېلىپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن ۋە كەسپىي ماھارەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى.

### ■ ئەسلىدىكى ئۆزىنى تېپىۋېلىشقا تولۇق ئىشەنچ باغلاش

مەنىلىك مەكتەپ تۇرمۇشى گۈلجەننەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلتۈردى، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇ شورباغ يېزىلىق يۇمياۋ يەسلىسىگە كېلىپ خىزمەتكە چۈشتى.

خىزمەتكە چۈشكەن تۇنجى كۈنىدىكى مەنزىرە گۈلجەننەتنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە. يەسلى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، سىرتقى تېمى ئوچۇق سېرىق رەڭدە، سىنىپنىڭ ئىچى ئازادە، يورۇق، ئۈستەل - ئورۇندۇقلار پاكىز، رەتلىك ئىدى، بالىلار كىچىك ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ بالىلار ناخشىسى ئۆگىنىۋاتاتتى. بالىلارنىڭ شاد - خۇراملىق ۋە بەخت جىلۋىسى قىلىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرگەن گۈلجەننەت ئانىلىق سۆيگۈسى بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بۇ سەبىيلەرنى قوغداپ، ئۇلارغا چاڭ - توزان قوندۇرماسلىققا ئىرادە باغلىدى.

گۈلجەننەتنىڭ ئۆيى يەسلىدىن پەقەت نەچچە يۈز مېتىرلا يىراقلىقتا بولۇپ، ھويلىسىغا ھەر خىل گۈللەر تېرىلغان، دەرۋازىدىن كىرگەندىكى ئۈزۈم كارىدورىغا ئۈزۈم تاللىرى يامىشىپ، پۈتۈن ھويلا ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

ھەر كۈنى گۈلجەننەت ئاپىسى بىلەن بىللە ھويلىنىڭ ئىچى - تېشىنى پاكىز تازىلايدۇ. «ئاپام ئىشىك ئالدىدا كىچىك تاللا بازىرى ئاچتى، تۇرلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ساتىدۇ.» گۈلجەننەت مۇنداق دېدى: كەنت ئاھالىلىرى ھەممىشە بالىلىرىنى ئېلىپ مال سېتىۋالغىلى دۇكىنىمىزغا كېلىدۇ، مەن بالىلارنى كۆرسەملا خۇش بولۇپ كېتىمەن، ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايمەن، بالىلار ناخشىسى ئېيتىمەن، ھويلىمىز تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ.

ئاپىسى ھەببە گۈلجەننەتتە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ تۇرۇدى. «ئىلگىرى قىزىمنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسى بىلەن ئىككىمىز بەكلا بىئارام بولغانىدۇق. ھازىر ئوخشىمايدۇ، قىزىم ھەر كۈنى خۇشال - خۇرام ئىشقا بارىدۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوينىتىدۇ، ئۆزىمۇ روھلۇق بولۇپ كەتتى» دېدى ھەببە خۇشال ھالدا.

گۈلجەننەتنىڭ يەنە بىر يېڭى پىلانى بار، ئۇ بوغالتىرلىقنى ئۆگەنمەكچى بولدى. «ئېرىم قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى، خوتەن شەھىرىدە بەزى كىچىك قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالغان، ئىشى ناھايىتى ئالدىراش، مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن، تاللا بازىرىمىزمۇ ئېنىق ھېسابات قىلىشقا موھتاج.» گۈلجەننەت مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپ، كۈنلىرىم نادانلىق ئىچىدە ئۆتكەنىدى، تۇغقانلىرىمنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئازار بەرگەنىدىم، يېڭىباشتىن دەرسخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندىم. ھازىر مەيلى تۇرمۇش ياكى خىزمەتتە بولسۇن، ئىشەنچكە تولدۇم، كۈچكە تولدۇم، ئۈمىدكە تولدۇم.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)